# كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغدايدىغان ھەققانىيەت كۈچىنى يەڭگىلى بولمايدۇ

## — مۇقەررەر غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشچان، چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان بولۇپ، يەككە تەرەپچىللىك ۋە قورۇقچىلىق خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپكە ئېغىر زەربە بېرىپ، دۇنيا ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن خەۋپ ـ خەتەر ۋە ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، يەر شارىۋى تەرەققىيات مۇھىم ئۆتكەلدە تۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ، تومۇرىنى توغرا تۇتۇپ، رېتسېپىنى ياخشى يېزىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلەنمەكتە. خۇددى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېرېس ئېيتقاندەك، بۈگۈنكى دۇنيا «ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتقا قارىغاندا كۆپ تەرەپچىللىككە تېخىمۇ موھتاج».

مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپە قوشقۇچىسى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولدى. «مەرد مەيداندا سىنىلار، ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار». يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق تەتۈر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئالدىدا، جۇڭگو كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەر شارىۋى تەرەققىياتقا ئۈزلۈكسىز ئاكتىپ كۈچ قوشتى. ئالتە يىلدىن بۇيان، 150تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلات جۇڭگو بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىدىيەسى ۋە كۆپ تەرەپچىللىكنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە گۇۋاھ بولماقتا. «جۇڭگو كۆپ تەرەپچىللىك، خەلقئارا قائىدە ۋە ئەركىن سودىنى قوغدايدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى»، 23 ـ قېتىملىق سايىنت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىدە، جۇڭگونىڭ تۆھپىسى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.

ئەخلاقلىق كىشى يالغۇز قالمايدۇ، جەزمەن ھەمراھى بولىدۇ. كۆپ تەرەپچىللىكنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش جۇڭگونىڭ قەتئىي تاللىشى بولۇپلا قالماي، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتنىڭمۇ ئورتاق تاللىشى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى مەركەز قىلغان كۆپ تەرەپلىك خەلقئارا سىستېما ھەمكارلىشىپ يەر شارىۋى خاراكتېرلىك مەسىلە ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇردى؛ ياۋروپا ئىتتىپاقى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، ئافرىقا ئىتتىپاقى، ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دۆلەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى قاتارلىقلار رايون تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى؛ يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدا، ئەزا دۆلەتلەر دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا ئورتاق مەيدان شەكىللەندۈردى... ئەمەلىيەت شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان، بار ـ يوقنى تەڭ كۆرىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، تىنچلىق، تەرەققىيات — دەۋر ئېقىمى، كۆپ تەرەپچىللىك — توغرا يول، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش — زور ۋەزىيەت يۈزلىنىشى.

ھوشيار بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق ئاچا يولدا بارغانسېرى تېيىلغانسېرى يىراقلاپ كەتتى — ھە دېسىلا ئاخىرقى چەك بېسىمى ئىشلىتىپ، كەينى ـ كەينىدىن توپتىن چېكىنىپ ئەھدىنامىنى بۇزۇپ، باشقىلارغا بېسىم ئىشلىتىشتە ۋاستە تاللىماي، شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلقئارا سودا قائىدىسىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. «ئەگەر بۈگۈن مېنى ‹بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى›خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى قايتىدىن بەرپا قىلغىلى قويسا، مەن پەقەت بىرلا دائىمىي ئەزا دۆلەت تەسىس قىلاتتىم، چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن يەر شارىۋى كۈچنىڭ تارقىلىشىنى ھەققىي ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ.» ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بولتوننىڭ بۇ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى بىر تەرەپتىن ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان زومىگەرلىك پىسخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

يوللۇقلار ياردەمگە ئېرىشىدۇ، يولسىزلار يېتىم قالىدۇ. ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۇلار كۆزلىگەندەك «قايتا ئۇلۇغ»لۇق ئېلىپ كېلەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتنى يوقاتتى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇرۇپ قويدى، «ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى يەر شارىۋى سىستېمىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ» «قەتئىي ھالدا جۇڭگو بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇش» «يەككە تەرەپلىك زومىگەرلىك قىلمىشىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش»... ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگىچە، ئاسىيا قىتئەسىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگىچە، بارغانسېرى كۆپ چەت ئەل پارتىيەلىرى، سىياسىي ئەربابلىرى ۋە خەلقئارادىكى مەشھۇر زاتلار يەككە تەرەپچىللىككە ئارقا ـ ئارقىدىن قارشى تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالغانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرىپلىدى. بۇ دەل ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشتىكى خەلقئارالىق ئورتاق تونۇش، دەل كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشتىكى كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى.

بۈگۈن، دۇنيا ئىقتىسادى يەنە بىر ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلدى، پەقەت توغرا تاللىغاندىلا، ئاندىن پارلاق كەلگۈسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. تىنچلىق، تەرەققىياتنىڭ دەۋر ئېقىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغدايدىغان ھەققانىيەت كۈچىنى يەڭگىلى بولمايدۇ. كۆپ تەرەپچىللىك بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ گۈللەنگەن گۈزەل دۇنيانى ئورتاق بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، قۇتۇبى ناھىيەسى يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قەتئىي شاللاپ، يېشىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى «يەڭگىللىتىپ»، تەرەققىيات ئەندىزىسى «يېشىللاشتۇرۇپ»، ئىقتىسادنىڭ سۈپىتىنى «ئەلالاشتۇردى».

### ■كەسىپ قۇرۇلمىسى «يەڭگىللىتىش»

«قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شاللاش، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، بازار ئېھتىياجلىق بولغان ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەھسۇلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى، ئۈنۈمى يىلسېرى ئاشتى.» 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ شىنئەن تېگاك چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ لېەنچياڭ پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان كونترول ئىشخانىسىدا ھاياجانلانغان ھالدا شۇنداق دېدى.

شىنئەن تېگاك شىركىتى قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى نۇقتىلىق كارخانا، 2014 ـ يىلى، بۇ شىركەت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئىككى يۈرۈش 40 توننىلىق ئوتتۇرا چاستوتىلىق پېچ ۋە ئىككى يۈرۈش 75 توننىلىق ئېلېكتىرلىك يايسىمان پېچتا پولات تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2017 ـ يىلى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پولات ـ تۆمۈر ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش تەلىپىگە ئاساسەن، شىنئەن تېگاك شىركىتى ئىككى يۈرۈش 40 توننىلىق ئوتتۇرا چاستوتىلىق پېچنى چۇۋۇپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 500 مىڭ توننا كېمەيتتى.

«جەزمەن تېپنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئېچىش كېرەك» دېدى ۋاڭ لېەنچياڭ. 2017 ـ يىلى، شىنئەن تېگاك شىركىتى 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى كەسىپلەر ئىچىدە ئىلغار سەۋىيەدە تۇرىدىغان يېڭى تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى قۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك ئارقا ـ ئارقىدىن قۇيۇش، ئارقا ـ ئارقىدىن پىروكاتلاش يېڭى ھۈنەر ـ سەنئىتىنى قوللىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا بىرقەدەر يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە ئىگە توم سىم، تاياقچە ماتېرىياللار ۋە قېلىپلاشقان ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ھۈنەر ـ سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق كارخانىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

2017 ـ يىلى، بۇ شىركەت 563 مىليون يۈەن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يارىتىپ، 87 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا ـ باجنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇلتۇر، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، پايدا ـ باجدا يەنە يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىپ، پۈتۈن يىلدا 770 مىليون يۈەن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يارىتىپ، 120 مىليون يۈەن پايدا ـ باجنى ئىشقا ئاشۇردى.

«يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش — قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى. بىز كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شاللاشتا ‹ئېلىش ئەمەلى›نى قەتئىي قوللىنىپ، يېشىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈشتە ‹قوشۇش ئەمەلى›نى پائال قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ‹يەڭگىللىتىش›نى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى قۇتۇبى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى دىڭ يەنمىڭ.

2016 ـ يىلى ۋە 2017 ـ يىلى، قۇتۇبى ناھىيەسى پولات ـ تۆمۈر كەسپىدىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭ توننىنى شاللىدى، بۇ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ پولات ـ تۆمۈر كەسپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقى تۈگىتىلگەن ئومۇمىي مىقدارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى؛ كۆمۈرچىلىك ساھەسىدە قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن 270 مىڭ توننىنى شاللىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇتۇبى ناھىيەسى يېشىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتا «قوشۇش ئەمەلى»نى پائال قوللاندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، سودا ئەشيا ئوبوروتى، كۆچەت، گۈل ـ گىياھ، زامانىۋى چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىشىشكە قاراپ راۋاجلىنىشى، مەھسۇلاتلارنىڭ يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە قاراپ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇلتۇرلا ناھىيە بويىچە 19 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدە قۇرۇلۇش پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىدىن تۆتى يېڭىدىن كۆپەيدى، بىر تۈركۈم كەسىپلەر توپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى بوشلۇقى كېڭەيتىلدى.

### ■تەرەققىيات ئەندىزىسى «يېشىللاشتۇرۇلدى»

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، تيەنفۇ كۆچەت تىكىش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسىدا، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى نيۇ جەنجياڭ ئىشچىلار بىلەن بىللە كۆچەتلەرنى چاتاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تۇتاش كەتكەن كۆچەتلەر خۇددى يېشىل دېڭىزغا ئوخشايتتى. «قۇتۇبى كۆچەت بىلەن يېشىللاشتى، دېھقانلارمۇ كۆچەت بىلەن بېيىدى» دېدى نيۇ جەنجياڭ.

قۇتۇبىدا يېشىل رەڭ مۇھىت ۋە ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي رەڭگى.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە، قۇتۇبى ناھىيەسى ئىقتىسادنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، يېشىل ئىقتىسادنىڭ تېز قەدەم كۆتۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى.

قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ نۆۋەتتىكى كۆچەت ئۆستۈرۈش كۆلىمى 150 مىڭ موغا يېتىپ، يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ قاتارلىق يەتتە چوڭ يۈرۈشلۈك 300دىن كۆپرەك كۆچەت سورتى شەكىللەندى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 30 مىڭغا يېقىن دېھقان كۆچەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىلىغا تۈرلۈك كۆچەت، گۈل ـ گىياھتىن 150 مىليون تۈپ ساتتى، سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ بىلەن قۇتۇبى ناھىيەسى غەربىي شىمالدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سېتىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان كۆچەت، گۈل ـ گىياھ ئىشلەپچىقىرىش، يىغىش ـ تارقىتىش بازىسىغا ئايلىنىپ، «غەربىي رايوندىكى كۆچەت مەركىزى» دەپ ئاتالدى.

يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر تۈركۈم يېشىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق يېشىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر قۇتۇبى ناھىيەسىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

«ئېكولوگىيەلىك باغ ـ ئورمان شەھىرى، كۆچەت، گۈل ـ گىياھ مەركىزى» نىشانى بويىچە، قۇتۇبى ناھىيەسى «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، بۇلتۇرلا 32 «ئۈچ يۇقىرى» تۈرنىڭ كىرىشىنى چەكلىدى. يېقىنقى ئىككى يىلدا، قۇتۇبى ناھىيەسى 181 ئېلېكتىر قۇدۇقنى تاقىدى، يەر ئاستى سۈيىنى ئىشلىتىش مىقدارىنى جەمئىي 130 مىليون كۇب مېتىر كېمەيتتى؛ كۆمۈر قالايدىغان 282 پار قازاننى چېقىۋەتتى، 65 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يەرنى توك بىلەن ئىسسىتىشقا ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى؛ 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، دافېڭ سانائەت باغچە رايونىدىكى پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى ۋە ۋۇتۇڭگۇ، يەنچۈەن نېيترال سۇ ئامبىرى تۈرى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

2012 ـ يىلى، قۇتۇبى ناھىيە بازىرىدىكى قۇرۇلۇش پۈتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 10.1 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 38.2%كە يەتتى؛ بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، ناھىيە بازىرىدىكى قۇرۇلۇش پۈتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 14 كۋادرات كىلومېتىرغا كېڭىيىپ، قۇرۇلۇش پۈتكەن رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 39.9%كە ئۆستى.

قۇتۇبى ناھىيەسىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئون ياخشى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى شەھىرى ۋە مەبلەغ سېلىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئەڭ ئىگە ئالاھىدە ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

### ■ئىقتىسادنىڭ سۈپىتى «ئەلالاشتۇرۇلدى»

«بىز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش، ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش، بۇلغىنىشنى تۈزەشنى تەكىتلەپ، ‹ئېكولوگىيە بوسۇغىسى›نى قاتتىق ساقلىدۇق، تەرەققىي قىلمايمىز ياكى ئاستا تەرەققىي قىلىمىز ئەمەس، بەلكى يېشىل تەرەققىي قىلىمىز، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىمىز» دەپ قارىدى قۇتۇبى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم دىڭ دامىڭ.

قۇتۇبى ناھىيەسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مىقدارنى كېمەيتىش، ساقلانمىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە ئېشىش مىقدارىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىشنى پائال ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈردى.

قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شاللىۋېتىش ئاساسىدا، قۇتۇبى ناھىيەسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مىقدارنى ئازايتىشتا چىڭ تۇردى. ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئېنېرگىيە ئىستېمال ئومۇمىي مىقدارىغا قارىتا «قوش تىزگىنلەپ» باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن، بازار ئىستىقبالى يوق كارخانا ۋە تۈرلەرنى چېكىنىپ چىقىش ياكى تېپنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساقلانمىنى پائال ئەلالاشتۇرۇپ، ھازىر بار بولغان كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش، يېشىللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچەپ تۈرتكە بولدى، بايلىق تىپىدىكى كارخانىلار يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى، ئۈنۈم تىپىدىكى كارخانىلارغا قاراپ تېپنى ئۆزگەرتتى.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىش مىقدارىنى كېڭەيتىش جەھەتتە، قۇتۇبى ناھىيەسى ئومۇمىيەتنى كۆزلەپ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېشىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى.

بۇ يىل 1 ـ ئايدا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جۇڭلەن كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەت ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتى قۇتۇبى ناھىيەسىدە رويخەتكە ئېلىنىپ قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئايدىلا، كارخانا ئوخشۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، پىلان بويىچە يىلىغا 1 مىليون 500 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىپ، يىلىغا 300 مىليون يۈەن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يارىتىدۇ، مەھسۇلاتلار ئاساسلىقى ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

قۇتۇبى ناھىيەسىدە، قۇرۇلما تەڭشەشتە ئادەتتىلا ھالدا بىرقانچە كارخانا شاللىنىپ ياكى كىرگۈزۈلۈپلا قالماي، بەلكى ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەل بايلىقىغا تايىنىپ، ئۈچ كەسىپ زەنجىرى زور كۈچ بىلەن زورايتىلدى: 1 ـ كەسىپتە يېشىل ئورگانىك يېزا ئىگىلىكى، ئەلا سۈپەتلىك سۈت، گۆش، كۆچەت، گۈل ـ گىياھ قاتارلىق كەسىپلەر نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى؛ 2 ـ كەسىپتە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش قاتارلىق كەسىپلەر نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى؛ 3 ـ كەسىپتە سودا، ئەشيا ئوبوروتى، مەدەنىيەت، ساياھەت قاتارلىق كەسىپلەر نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، يېزا ئىگىلىكىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، سانائەتتە تېپنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇلازىمەتچىلىكتە ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېز ئالغا سىلجىتىلدى.

تەرەققىيات شەكلى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشتىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئۆزگەردى، كەسىپ ھالىتى ئەنئەنىۋى كەسىپلەردىن يېشىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرگە ئۆزگەردى، تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بايلىققا تايىنىشتىن ئىجادىيەتلىك قوزغىتىشقا ئۆزگەردى، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولماقتا.

2018 ـ يىلى، قۇتۇبى ناھىيەسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليارد 838 مىليون يۈەن ئورۇنداپ، 7.5% ئاشۇردى؛ شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 31 مىڭ 760 يۈەنگە يېتىپ 8% ئاشتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# يۇ چيۇچىڭ: ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە قىلىپ، كەينىمگە يانمايمەن



ئىنقىلابىي قۇربان يۇ چيۇچىڭنىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر جوۋ مىيەن) «مەن ھاياتىمدا ئىنقىلاب ئۈچۈن 20 يىلدىن ئارتۇق كۈرەش قىلدىم، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتسەم ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئۆلگەن بولىمەن، ئۆلۈمۈم ئورۇنلۇق بولىدۇ. سىلەر ئائىلىمىزدىكى نەچچە ئەۋلاد تارتقان جاپا ۋە ئازابلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، بۈگۈن ئۆز ئىشىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خوجايىنى بولغاندا، ئەۋلادلارغا تەربىيە بېرىشنى ئۇنتۇماڭلار، مەڭگۈ پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە قىلىپ، كەينىگە يانماڭلار.» بۇ، ئىنقىلابىي قۇربان يۇ چيۇچىڭنىڭ قۇربان بولۇش ئالدىدا يازغان خېتىدە خوتۇنى ۋە ئىنىسىغا تاپىلىغان بىر ئابزاس سۆزى.

يۇ چيۇچىڭ، 1913 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خۇنەن ئۆلكىسى يۆياڭ شەھىرى پىڭجياڭ ناھىيەسىنىڭ ئەسلىدىكى شيېجياڭ يېزىسى شيېجياڭ كەنتىدىكى شىنۇۋلىدا تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدىن باشلاپ پومېشچىكنىڭ كالىسىنى بېقىپ، بىر يىلدا ئاران ئىككى يۈەن كۈمۈش تەڭگە ئىش ھەققى ئالغان، يەنە دائىم پومېشچىكنىڭ ئۇرۇپ تىللىشىغا ئۇچرىغان. ئادالەتسىز زامان ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى نابۇت قىلغاچقا، ئادەم يەيدىغان ئاشۇ جەمئىيەتكە قاتتىق غەزەپلەنگەن.

1930 ـ يىلى، يۇ چيۇچىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە پائال ئاتلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كالا باققۇچى بالىدىن يىللىقچى بولغانغا قەدەر، پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراپ تارتقان كۈلپەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق پومېشچىكلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئالدىغانلىقى، ئەزگەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چوڭقۇر پاش قىلغان، شىنۇۋلىدىكى ئامما تەدرىجىي ئويغىنىپ، بەس ـ بەستە ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئاتلانغان.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، يۇ چيۇچىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن ھەم خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى مۇستەقىل شىسىغا قاتناشقان. 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، قىزىل 16 ـ جۈن قىزىل 16 ـ شى قىلىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، يۇ چيۇچىڭ 47 ـ تۇەندە ئالاھىدە ۋەزىپە باشلىقى بولغان. 1934 ـ يىلى، قىزىل 16 ـ شى بىر قېتىملىق جەڭدە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، قىسىمنىڭ تەمىناتى قىيىنچىلىقتا قالغان. 47 ـ تۇەننىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يۇ چيۇچىڭ دۈشمەن قاتتىق قامال قىلىۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋالدا، كۆپ قېتىم بىرنەچچە تەمىنات خادىمىنى باشلاپ، دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدىلا ئاشلىقنى قولغا چۈشۈرۈپ، قىسىمنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، يۇ چيۇچىڭ يېڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ خىزمەتچى خادىملىق سالاھىيىتى بىلەن جيايى بازىرىدا تۇرغان. يۇ چيۇچىڭ پارتىيەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەكتەپ ئېچىپ، ئىدىيەسى ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي بىرلىك يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەربىيەسى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنى ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىگەن.

1938 ـ يىلى، يۇ چيۇچىڭ «خەلق تۇرمۇشى ئەترىتى»دىكى ئىلغار ياشلارنى باشلاپ، يېڭى 4 ـ ئارمىيەگە قاتنىشىپ، جياڭنەندىكى يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانغان. 1941 ـ يىلى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى يۈزبەرگەندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى كەسكىن جەڭدە، يۇ چيۇچىڭ ئېغىر يارىلىنىپ، بۇيرۇققا بىنائەن شۇ جايدىكى بىر پۇقرانىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ داۋالانغان. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، يۇ چيۇچىڭ پارتىيەنىڭ خەلق ھەرىكىتى خىزمەتچىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، شىمالىي ئەنخۇيدىكى يېڭى 4 ـ ئارمىيە تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ بارغان. ئۇزاق ئۆتمەي، يۇ چيۇچىڭ يېڭى 4 ـ ئارمىيە 6 ـ شى 16 ـ لۈ 47 ـ تۇەنگە قوشۇلغان، ئارقىدىن جەنۇبىي جياڭسۇدىكى مەشھۇر «خۇاڭجىن تېغىدىكى ئۈچ جەڭدە ئۈچ قېتىم غەلىبە قىلىش» جېڭىگە قاتناشقان.

ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يۇ چيۇچىڭ 20 ـ جۈن ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچتە چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ئېغىر يارىلىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، شۇ يىلى 38 ياش ئىدى.

پىڭجياڭ ناھىيەلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى لى شۇاڭلۇڭ مۇنداق دېدى: «مەيلى يەر ئىنقىلابىي ئۇرۇشى، يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بولسۇن ياكى ئازادلىق ئۇرۇشىدا بولسۇن، يولداش يۇ چيۇچىڭ باشتىن ـ ئاخىر قان كېچىپ جەڭ قىلغان ھەم كۆپ قېتىم يارىلانغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تەشكىلنىڭ دەم ئېلىش توغرىسىدىكى غەمخورلۇقىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، قەتئىي ھالدا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىپ، بىر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى نامايان قىلغان».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)